## 93998 ـ تاق كېچىلەردە ئېتىكاپ قىلىشنى مەقسەت قىلغان كىشى توغرىسىدا

**سۇئال**

رامىزان ئېيىنىڭ تاق كېچىلىرىدە ئېتىكاپ قىلسام توغرا بولامدۇ؟ چۈنكى مەن يېقىندىن توي قىلغان بولۇپ، ئون كۈن تولۇق ئېتىكاپ قىلسام ئايالىم ئۆيدە يالغۇز قالىدۇ؟، مەن ئايرىم ئۆي تۇتقان ئىدىم؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تەپسىلى جاۋاپ**

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئۇنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرى ۋە ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت سالاملىرى بولسۇن.

ئەڭ ياخشى ئېتىكاپ قىلغۇچى پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىپ، رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە تولۇق ئېتىكاپ قىلىشى كېرەك، بۇ توغرىدا ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھادىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېگەن: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالا ئۇنى ۋاپات تاپتۇرغانغا قەدەر رامىزاننىڭ ئاخىرقى ئون كۈنىدە ئېتىكاپ قىلاتتى. [بۇخارى رىۋايىتى 2025ـھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1171ـھەدىس].

ئەگەر بەزى كېچە ياكى كۈندۈزدە ئېتىكاپ قىلسىمۇ بولىدۇ، ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆزىگە بىر كېچە ئېتىكاپ قىلىشنى نەزىر قىلغان بولۇپ، پەيغەمبەرئەلەيھىسسالامغا خەۋەر قىلغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى قىلغان نەزرىسىگە ۋاپا قىلىشقا بۇيرىغان". [بۇخارى رىۋايىتى 2042ـھەدىس. مۇسلىم رىۋايىتى 1656ـھەدىس.

يۇقىرىدىكى ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسلانغاندا ئېتىكاپنى بىر كېچە قىلسىمۇ توغرا بولىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

38037ـ نومۇرلۇق سۇئالنىڭ جاۋابىدا ئېتىكاپنىڭ ئەڭ ئاز ۋاقتىنىڭ بەلگىلىمىسى يوق ئىكەنلىكى بايان قىلىش بىلەن بۇ توغرىدا شەيخ ئىبنى باز رەھىمەھۇللاھنىڭ بۇ ھەقتىكى پەتىۋاسىنىمۇ نەقىل قىلىنغان.

مۇسۇلمان كىشى بۇ ئون كۈندە ئىبادەتكە بەك تىرىشچانلىق قىلىشى كېرەك، كۈچىنىڭ يېتىشىچە ئىبادەتكە بېرىلىشى كېرەك.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.